بسم الله الرحمن الرحيم

«پەلەك چەرخى ئايلىندۇ»

خىتايدىكى مۇسۇلمانلار

خەلقئارا كىچىك بىر تەشكىلات خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ ئىنسان ھوقۇقىنى
دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى، سىياسى، دىنىي بېسىم ئىشلىتىش سىياسىتىدە
داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. بۇ تەشكىلات خىتاينىڭ
2 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنى سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقتا
ئەيىبلەپ قولغا ئالغانلىقىنى ئەيىبلەپ نارازىلىق بىلدۈردى.
لېكىن خەلقئارا كىچىك بىر تەشكىلاتنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقى، دۇنيادىكى
ئورنى ۋە مۇھىملىقى، ھەممە ئاكتىپلىقى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا قانلىق باستۇرۇش، زۇلۇم، دەپسەندە قىلىشقا ئۇچراۋاتقان
مۇسۇلمانلارنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا قارىتا نارازىلىق
بىلدۈرمەيدۇ.
يېقىندا خىتاي ھاكىمىيىتى چېگرا رايون شىنجاڭدا ۋە ئاتالغان (شەرقىي
تۈركىستان)غا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى
كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئىگەللەيدىغان بولۇپ ئافغانىستان، پاكىستان
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىن تاجىكىستان، قازاقىستان،
ۋە قىرغىزىستانلار بىلەن چېگرىداش. خىتاي بۇ ئۆلكىدە مەسجىد
بىنا قىلىش ۋە شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ۋە تەلىم-تەربىيە
ئورۇنلىرىنى بىنا قىلىشتىن چەكلىدى. ئۇ مۇسۇلمانلار چەتئەللەرنىڭ
قەرەللىك ياردەملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ چىقارغان
دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش
سۇيىقەستىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.
ھەتتا ئېنىقكى، خىتاي مەسئۇللىرى ئۆزىگە نىمە ئۈچۈن بۇ مۇسۇلمانلار

مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىدۇ ، نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە نارازى ؟ !
ئۇلارنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ كۆرەش قىلىشقا زورلىغان
ئامىللار نېمە ؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ باقمىدى ؟!! .

ھەممىگە ئايانكى ، بېيجىڭ ھاكىمىيىتى دېگىنى كوممۇنىستلار تا بۈگۈ
نگىچە ئىسلام دۇنياسىغا بولغان كۆز قارىشى ۋە مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتكىنى
يوق . بەلكى مۇسۇلمانلار قارىتا ئۆچمەنلىك ، قارا نىيەتلىك
ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش سىياسىتىنى توختاتقىنى يوق .
تېخى يېقىندىن بېرى ئۆچمەنلىك ئۇچىغا چىقىپ ، دىندارلارغا كەڭ
دائىرىدە ماركسىزمنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ .

ئەگەر خىتاي ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەتلىرىنى
ئادا قىلىشتا ئەركىن بولسا ، ئەۋلادلىرىنى ئۆز ئەقىدىسى بويىچە
تەربىيىلىسە ، دىنسىزلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان مۇئامىلە
ئادىل بولسا مۇسۇلمانلارمۇ ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ، ئەۋلادلىرى
ۋە خەلقى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەيدۇ-دە !

شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن زۇلمەتلىك بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى .
قەھر-بېسىم يىللىرى ئۆتكەندىن ئۇزۇن ۋە قاتتىق بولدى .

خىتاي ھاكىمىيىتىگە ، رايونغا چېگرىداش سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغا
لىيىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئازاتلىققا چىقىپ مۇستەقىل بولۇپ كېتىشى
شىنجاڭدا يېڭى بىر ۋەزىيەتنى تۇغدۇرۇپ چىقىش بەش قولدەك
ئايان . چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى تىل ، ئۆرپ-
ئادەت ، دىن ھەممە جەھەتتىن بىر خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئەلۋەتتە قوشنا
ياشاۋاتقان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا پارلاق ئۈمىد-ئارزۇلارنى
ياندۇرىدۇ . ئىشغالىيەتچى خىتايمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمانى
تەبىئىتى ، ۋە تارىخىغا قارىشى ھالدا تۆمۈر پەردە ئارقىسىدا دۇنيا
نىڭ كۆزىدىن يىراق ساقلىيالىشىمۇ كۆپ قىيىن .

ئىنسان ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويىدۇ؛ ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتى
خىتايدىكى مۇسۇلمانلار، بۇرما مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانلىق پاجىئەلىرى
ئېچىنىشلىق دەرت-ئەلەملىرىنى ئاڭلىمامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ تەشكىلات
خىتاي-بۇرما ھاكىمىيەتلىرىدىن مۇسۇلمانلار تارتىۋاتقان
ئەلەملىرىنى يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلمايدىغاندۇ؟! نېمە ئۈچۈن
ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى، سىياسىي، ئۇلارنىڭ
مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە
قىلمايدىغاندۇ دېگۈسى كېلىدۇ.

بىز دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى ۋە پۈتۈن ئىسلام دىنى ئۇ
مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمان
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەرت-ئەلەملىرىنى يەڭگىللىتىشكە ھەرىكەت
قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. چۈنكى خىتاي-بۇرما ھاكىمىيەتلىرى
تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان ئاشكارا-مەخپىي سۇيىقەستلەرنى
ئۆزلىكىدىن توختىتىش ئۈمىدى يوق قېتىملىق قىلىدۇ.

ماقالىنى يازغۇچى:

مۇھەممەد سالاھىدىن

«ئالەم دىنى» گېزىتى 96-6-5-كۈندىكى سانى